# 26860 - رامزاندا تۇتالمىغان قازا روزىنى تۇتۇش نىيىتى بىلەن شەكلىك كۈندە قازا روزا تۇتسا قانداق بولىدۇ؟

## سوئال

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام شەكلىك كۈندە روزا تۇتۇشتىن چەكلىدى شۇنىڭدەك رامزاندىن بىر كۈن ياكى ئىككى كۈن بۇرۇن روزا تۇتۇۋېلىشتىنمۇ چەكلىگەن، لېكىن مەن ئاشۇ كۈنلەردە رامزان روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلسام توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىم بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

شۇنداق، شەك كۈندە ياكى رامزاندىن بىر كۈن ياكى ئىككى كۈن ئىلگىرى رامزاننىڭ قازا روزىسىنى تۇتسا دۇرۇس بولىدۇ.

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ شەك كۈندە ۋە رامزاندىن بىر كۈن ياكى ئىككى كۈن بۇرۇن روزا تۇتۇشتىن چەكلىگەنلىكى سەھىھ ھەدىسلەر بىلەن ئىسپاتلانغان، بۇ چەكلىمە مەلۇم كۈنلەردە روزا تۇتۇشنى ئۆزىگە ئادەت قىلمىغان كىشىلەر ئۈچۈندۇر. بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **«مەلۇم كۈنلەردە روزا تۇتۇپ ئادەتلەنمىگەن كىشىلەر رامزاندىن بىر كۈن ياكى ئىككى كۈن بۇرۇن روزا تۇتمىسۇن.»** [بۇخارى رىۋايىتى1914-ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى1082-ھەدىس].

مەسىلەن: بىر كىشى دۈشەنبە ياكى پەيشەنبە كۈندە روزا تۇتۇپ ئادەتلەنگەن بولسا شەبان ئېيىنىڭ ئاخىرقى كۈنى شۇنىڭغا توغرا كەلگەن بولسا ئۇ كۈندە نەپلە روزا تۇتسا روزا تۇتىشتىن چەكلەنمەيدۇ.

ئادەتلەنگەن نەپلە روزىنى تۇتۇش دۇرۇس بولىدىكەن، رامزاننىڭ قالغان قازا روزىسىنى تۇتۇش ئەلۋەتتە دۇرۇس بولىدۇ، چۈنكى رامزاننىڭ قازا روزىسىنى يەنە بىر رامزانغا كېچىكتۈرۈش توغرا بولمايدۇ.

ئىمام نەۋەۋىي رەھمەھۇللاھ"ئەلمەجمۇئ" ناملىق ئەسەر 6-توم 399-بەتتە مۇنداق دەيدۇ: بىزنىڭ ھەمراھلىرىمىز مۇنداق دەيدۇ: رامزان ئىكەنلىكى شەك قىلىنغان كۈندە روزا تۇتۇش ھەقىقەتەن دۇرۇس بولمايدۇ، ئەمما قازا ياكى نەزىر ياكى كاپارەت روزىسى بولسا دۇرۇس بولىدۇ، چۈنكى ئۇ كۈندە سەۋەبكە ئالاقىدار نەپلە روزا تۇتۇش دۇرۇس بولغان يەردە، پەرز بولغان روزىلارنى تۇتۇش ئەلۋەتتە دۇرۇس بولىدۇ، بۇ

خۇددى ناماز ئوقۇۋېتىپ چەكلەنگەن ۋاقىتقا ئوخشايدۇ، چۈنكى بىر كىشىنىڭ ئۈستىدە رامىزاننىڭ قازا روزىسى بولىدىكەن، ئۇ كىشىنىڭ قازا روزىسىنى تۇتىدىغان ۋاقتى قىستىلىپ قالغانلىق سەۋەبىدىن، قازا روزىنى تۇتۇشى كېرەك بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.